# قىيامەت كۈنى دوزاخ ئۈستىگە بىر كۆرۈك قويۇلىدۇ، ئۇنىڭ ئۈستىدە چوڭ تىكەنلەر بار بولۇپ كىشىلەرنىڭ بەدەنلىرىنى ئىلىۋالىدۇ، بەزىلەر تېرىسىگە تىكەن سۈركىشىپ ئۆتۈپ سالامەت قالىدۇ، بەزىلەر بېشى تۆۋەن، پۇتى ئۈستۈن بولغان ھالەتتە دوزاخقا چۈشىدۇ

ئەبۇ سەئىد ئەلخۇدرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلغان ھەدىستە، رەسۇلۇللاھ مۇنداق دېگەن: قىيامەت كۈنى دوزاخ ئۈستىگە بىر كۆرۈك قويۇلىدۇ، ئۇنىڭ ئۈستىدە كىشىلەرنىڭ بەدەنلىرىنى ئىلىۋالىدىغان چوڭ تىكەنلەر بار بولۇپ، بەزىلەر بەدىنىگە تىكەن سۈركەشكەن ھالدا سالامەت ئۆتىدۇ، بەزىلەر بېشى تۆۋەن، پۇتى ئۈستۈن بولغان ھالەتتە دوزاخقا چۈشىدۇ، ئاللاھ تائالا بەندىلەرنىڭ ئارىسىدا ھۆكۈم قىلىپ بولغاندىن كېيىن، مۆمىنلەر دۇنيادا ئۆزلىرى بىلەن بىرلىكتە ناماز ئوقۇغان، زاكات بەرگەن، روزا تۇتقان، ھەج قىلغان ۋە بىرلىكتە غازات قىلغان بىر قىسىم كىشىلەرنى تاپالمايدۇ، ئۇلار: ئى ئاللاھ! سىلىنىڭ بەندىلىرىدىن دۇنيادا بىز بىلەن بىرگە ناماز ئوقۇغان، زاكات بەرگەن، روزا تۇتقان، ھەج قىلغان ۋە بىرلىكتە جىھاد قىلغان كىشىلەر بار ئىدى، ئۇلارنى تاپالمىدۇق دەيدۇ، ئاللاھ تائالا ئۇلارغا: دوزاخقا بېرىپ قاراپ بېقىڭلار، ئۇلار دوزاختا بولۇپ قالسا، ئۇلارنى دوزاختىن چىقىرىڭلار دەيدۇ. مۆمىنلەر ئۇلارنى دوزاختىن تاپىدۇ، دوزاخ ئوتى ئۇلارنى دۇنيادا قىلغان يامان ئەمەللىرىنىڭ مىقدارىدا كۆيدۈرگىلى تۇرغانلىقىنى كۆرىدۇ. يەنى ئوت بەزىلەرنىڭ ئىككى قەدىمىگىچە، بەزىلەرنى پۇتىغىچە، بەزىلەرنى تىزىغىچە، بەزىلەرنى كۆكرىكىگىچە، بەزىلەرنى كېكىردىكىگىچە، بەزىلەرنى بويىنىغىچە كۆيدۈرگىلى تۇرۇپتۇ، ئەمما يۈزلىرىگە ئوت تەگمەپتۇ، مۆمىنلەر ئۇلارنى دوزاختىن چىقىرىپ، ھاياتلىق سۈيىگە تاشلايدۇ، ساھابىلار: ئى ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى! ھاياتلىق سۈيى دېگەن نىمە؟دەپ سورايدۇ، پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام: «ئۇ جەننەت ئەھلىنىڭ يۇيۇنغان سۇلىرى بولۇپ، ئۇلار ئۇ سۇدىن زىرائەت كۆكلىگەندەك قايتىدىن كۆكلەيدۇ»دېدى، يەنە بىر رىۋايەتتە: «جىلغا ئەتراپىدا زىرائەتلەر ئۈنگەندەك كۆكلەيدۇ، ئاندىن پەيغەمبەر ئاللاھدىن باشقا ھەقىقى ئىلاھ يوق دەپ شاھادەت ئېيتقان كىشىلەرگە شاپائەت قىلىپ، ئۇلارنى دوزاختىن چىقىرىدۇ».ئاندىن ئاللاھ تائالا دوزاختا قالغان باشقا كىشىلەرگىمۇ ئۆز رەھمىتى بىلەن كۆيۈنۈپ، قەلبىدە زەررە مىقدارى ئىمان بولغان كىشىلەرنىڭ ھەممىسىنى دوزاختىن چىقىرىدۇ

[سەھىھ(بەش شەرت تولۇق بولغادا ھەدىس سەھىھ بولىدۇ)] [ئىبنى ماجە"سۈنەن ئىبنى ماجە"ناملىق ئەسىرىدە رىۋايەت قىلغان - ئىمام ئەھمەد"مۇسنەد"ناملىق ئەسىرىدە رىۋايەت قىلغان]

قىيامەت كۈنىدە ئاللاھ تائالا دوزاخ ئۈستىگە بىر كۆرۈك بەرپا قىلىدۇ، كۆۋرۈك ئەتراپىدا قاتتىق تىكەنلەر بولۇپ، كىشىلەرنى ئۇ كۆۋرۈكتىن ئۆتۈشكە بۇيرۇيدۇ، بەزىلەر دوزاخقا چۈشۈپ كەتمەستىن سالامەت ئۆتۈپ كېتىدۇ، بەزىلەرنىڭ تېرىسىنى تىكەن سۈرىۋەتسىمۇ سالامەت ئۆتۈپ كېتىدۇ، بەزىلەر ئۆتەلمەي دوزاخقا چۈشۈپ كېتىدۇ، ئاللاھ تائالا بەندىلەردىن ھېساب ئېلىپ جەننەت ئەھلىنى جەننەتكە، دوزاخ ئەھلىنى دوزاخقا كىرگۈزۈپ بولغاندا، مۆمىنلەر جەننەتتە دۇنيادا ئۆزلىرى بىلەن بىرلىكتە ناماز ئوقۇغان، زاكات بەرگەن، روزا تۇتقان، ھەج قىلغان ۋە بىرلىكتە غازات قىلغان بىر قىسىم كىشىلەرنى تاپالمايدۇ، ئۇلار ئاللاھ تائالاغا ئىلتىجا قىلىپ: دۇنيادا بىز بىلەن بىرگە ناماز ئوقۇغان، زاكات بەرگەن، روزا تۇتقان، ھەج قىلغان ۋە بىرلىكتە جىھاد قىلغان كىشىلەر بار ئىدى، ئۇلارنى جەننەتتە تاپالمىدۇق دەيدۇ، ئاللاھ تائالا ئۇلارغا: دوزاخقا بېرىپ قاراپ بېقىڭلار، ئۇلار دوزاختا بولۇپ قالسا، ئۇلارنى دوزاختىن چىقىرىڭلار دەيدۇ، مۆمىنلەر ئۇلارنى دوزاختىن تاپىدۇ، دوزاخ ئوتى ئۇلارنى دۇنيادا قىلغان ئەمەللىرى بويىچە

كۆيدۈرگىلى تۇرغان ئىكەن، يەنى بەزىلەرنىڭ ئىككى قەدىمىنى، بەزىلەرنى پۇتىغىچە، بەزىلەرنى تىزىغىچە، بەزىلەرنى كۆكرىكىگىچە، بەزىلەرنى كىڭكىردىكىگىچە، بەزىلەرنى بويىنىغىچە كۆيدۈرگىلى تۇرۇپتۇ، ئەمما يۈزلىرىگە ئوت تەگمەپتۇ. مۆمىنلەر ئۇلارغا شاپائەت قىلىپ ئۇلارنى دوزاختىن چىقىرىپ ھاياتلىق سۈيىگە تاشلايدۇ، ئۇ سۇغا چۆمۈلگەن كىشى خۇددى جىلغا ئەتراپىغا ئۈنگەن ئۆسۈملۈكلەردەك قايتىدىن ھاياتلىققا ئېرىشىدۇ، ئاندىن پەيغەمبەر ئاللاھدىن باشقا ھەقىقى ئىلاھ يوق دەپ شاھادەت ئېيتقان كىشىلەرگە شاپائەت قىلىپ، ئۇلارنى دوزاختىن چىقىرىدۇ». ئاندىن ئاللاھ تائالا دوزاختا قالغان باشقا كىشىلەرگىمۇ ئۆز رەھمىتى بىلەن كۆيۈنۈپ، قەلبىدە زەررە مىقدارى ئىمان بولغان كىشىلەرنىڭ ھەممىسىنى دوزاختىن چىقىرىدۇ